# ئۆزىنىڭ دەرۋازىسىنى تاقىۋالدى، كۆپچىلىكنىڭ يولىنى توسۇۋالدى

## —— ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسەتۋازلارنىڭ «مۇۋاپىق كەلسە پايدىلىنىش، مۇۋاپىق كەلمىسە چۆرۈپ تاشلاش» ھەقىقىي ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېنىق كۆرۈش كېرەك

□ جۇڭ شېڭ

فرانسىيەلىك ئالىم پاستېرنىڭ «ئىلىم ـ پەننىڭ دۆلەت چېگراسى يوق، ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بايلىقى، دۇنيانى يورۇتىدىغان مەشئەل» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بار. بىراق، ئامېرىكىدىكى بىرقىسىم سىياسەتۋازلار خۇددى ئىلىم ـ پەننىڭ چېگراسىنى ئۆزى بېكىتىدىغاندەك، يېڭىلىق يارىتىش مېۋىلىرىدىن پەقەت ئۆزلىرىلا بەھرىمەن بولىدىغاندەك ئەكسىچە يول تۇتۇۋاتىدۇ.

«مەن ئامېرىكىنىڭ تېخىمۇ ئىلغار تېخنىكىلارنى چەتكە قېقىشىنى ئەمەس، بەلكى رىقابەت ئارقىلىق غەلىبە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن!» ئامېرىكا تەرەپ ئىشەنچلىك ۋە سەممىي تەلەپپۇزدا قىلغان بۇ سۆزنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي تۇرۇپلا، پەن ـ تېخنىكا زومىگەرلىك تۇغىنى كۆتۈرۈپ، ئاتالمىش «دۆلەت خەۋپسىزلىكى»نى باھانە قىلىپ، جۇڭگودىكى يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىلىق كارخانىلارنىڭ ئامېرىكىنىڭ تېلېگراف ئۈسكۈنىلىرى، بولۇپمۇ 5G ئۈسكۈنىسى تورىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشىنى چەكلىدى، ھەتتا ئېكسپورتنى تىزگىنلەشتىكى «ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكى»گە كىرگۈزدى.

«جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئامېرىكىغا كېلىپ ئوقۇشىنى قارشى ئالىمىز.» ئامېرىكا تەرەپ ئادىمىيەت ئالاقىسىگە ئىلھام بېرىدىغان تەلەپپۇزدا ۋەدە بېرىپ بولۇپلا، قىلچە ئاساسسىز ھالدا جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ نورمال ئادىمىيەت ئالاقىسىنى چەكلەپ، توسۇق قۇردى، ھەتتا باھانە تېپىپ، بەتنام چاپلاپ، خۇيى ئالىملارنى بىۋاستە ئىشتىن بوشاتتى ھەم قوپاللىق بىلەن ئۇلارنىڭ تەجرىبىخانىلىرىنى تاقىۋەتتى.

«ئامېرىكا سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار ساھەسىدە دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرىدۇ»، ئامېرىكا تەرەپ بىر ياقتىن پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقنى تەشەببۇس قىلسا، بىر ياقتىن خەلقئارا ئىش تەقسىماتى ھەمكارلىقىغا يولسىزلىق بىلەن ئارىلاشتى. ئامېرىكا تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋىرىدە ئېيتىلىشىچە، 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكا ئېكسپورت قىلىنىشى چەكلەنگەن 14 تۈرلۈك تېخنىكىنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ كۆپ قىسمى سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار تېخنىكىسىغا چېتىلىدىكەن.

«ئېچىۋېتىش، يېڭىلىق يارىتىش» «ئەركىن رىقابەتلىشىش»نى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي داڭلاۋاتقان ئامېرىكا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا نورمال ئىلىم ـ پەن ئالماشتۇرۇشقا ۋە پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقىغا قارا قول سېلىۋاتىدۇ. ۋاستە تاللىماي «پەن ـ تېخنىكا سوغۇق ئۇرۇشى» قوزغاش، «رەقەملىك تۆمۈر پەردە» تارتىش ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسەتۋازلارنىڭ ئۆزئارا زىددىيەتلىك بولغان، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىر يەردىن چىقمايدىغان، ئىچى ـ تېشى بىردەك بولمىغان ھەقىقىي ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېنىق ئاشكارىلاپ بەردى.

ھەممىگە مەلۇمكى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ تۈرتكىسىدە بەرپا قىلىنغان خەلقئارا تەرتىپنىڭ يادرولۇق ئىدىيەسى تۈزۈم ۋە قائىدىنى ئاساس قىلىش ئارقىلىق، تاۋار، خادىم، كاپىتال، تېخنىكا قاتارلىق مۇھىم ئامىللارنىڭ ئەركىن ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت. ۋاھالەنكى، بىرقىسىم ئامېرىكىلىق سىياسەتۋازلارنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا زومىگەرلىك قىلمىشى بۇ قائىدە سىستېمىسىنى ئاغدۇرۇۋەتتى. ئۇلار پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە، ئاجىزلار كۈچلۈكلەرگە يەم بولۇش، يەڭگۈچى ھەممىگە ئىگە بولۇش يولىنى تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ پەن ـ تېخنىكا زومىگەرلىك ئورنىنىڭ ھەرقانداق خىرىسقا ئۇچرىشىغا يول قويماي، كەسپ زەنجىرىنىڭ ئەڭ ئۈچىنى چىڭ ئىگىلەپ، مول تېخنىكا مونوپول پايدىسىغا ئېرىشىپ، كېيىن تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنى بېسىپ، ئۇلارنى داۋاملىق كەسپ زەنجىرىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا قالدۇرۇشقا ئۇرۇندى.

ئامېرىكىنىڭلا يېڭىلىق يارىتىشقا يول قويۇپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىلگىرىلىشىگە يول قويماسلىق، بۇ سېپى ئۆزىدىن قاراقچىلىق لوگىكىسى! ئىنسانلارنىڭ ئورتاق بايلىقى بولغان پەن ـ تېخنىكا پۈتۈن دۇنيادىكى ئالىملار ئۆزئارا ئۆگىنىپ، بىر ـ بىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، كۈچ ئۇلاپ يەتكۈزۈپ، ئورتاق ياراتقان نەتىجە. مەيلى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى جەھەتتىكى ئىزدىنىش بولسۇن، ياكى مۇھىت بۇلغىنىشى، كىلىمات ئۆزگىرىشى، كېسەللىك، ۋابا قاتارلىق مۇھىم، زور خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش بولسۇن، ھەممىسىدە پۈتۈن يەر شارىدىكى ئالىملارنىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا تايىنىلىدۇ. بولۇپمۇ ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى چوڭقۇر تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئىجادىي بايلىقنىڭ دۇنيا مىقياسىدا ئايلىنىشى تېزلىشىۋاتىدۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلىشىۋاتىدۇ، ھەرقانداق بىر دۆلەت يالغۇز ئۆز كۈچىگە تايىنىپلا يېڭىلىق يارىتىشتىكى بارلىق قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بولالمايدۇ، ئامېرىكىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

تارماق ئېقىنلار توسۇپ قويۇلمىسا، ئاندىن دەريا ـ دېڭىز ھاسىل بولىدۇ. يېڭىلىق يارىتىشتا ھەممە تەرەپنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى مۇجەسسەملەش، ھەممە تەرەپنىڭ كۈچىگە تايىنىش كېرەك. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ياۋروپادىكى بىر تۈركۈم ئالىملار ئارقا ـ ئارقىدىن ئامېرىكىغا بېرىپ، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشقا ئاجايىپ تۆھپە قوشتى؛ بۈگۈنكى كەرىمنى جىلغىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پەن ـ تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنىڭ ھارماي ـ تالماي كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ... ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئامېرىكىدىكى دوكتورلۇق ئۇنۋانى بار ئالىملار ۋە ئىنژېنېرلارنىڭ %38ى چەت ئەلدە تۇغۇلغانلار ئىكەن، ئامېرىكىنىڭ بىرىنچى سەپتىكى تەتقىقاتچى خادىملىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكى چەت ئەلدە تۇغۇلغانلار ئىكەن. خۇددى ئامېرىكا ئۇچۇر تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش فوندى جەمئىيىتىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىدا دېيىلگەندەك: «ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكىدىكى يېڭىلىق يارىتىۋاتقان ئىختىساسلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ھەم چوڭ كارخانىلاردا كۆپ يىل جاپالىق ئىشلىگەن چەت ئەللىك كۆچمەنلەردىن ئىبارەت».

بۈگۈنكى كۈندە، ئامېرىكىدىكى بىرقىسىم سىياسەتۋازلار ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى دەرۋازىسىنى تاقىۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، بۇ قارىماققا ئامېرىكىنىڭ پەن ـ تېخنىكىدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ئورنىنى قوغداشتەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەركىن رىقابەتلىشىش مېخانىزمىغا توسقۇنلۇق قىلغانلىق، پۈتۈن يەر شارى كەسپ زەنجىرىنىڭ قويۇق ھەمكارلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق، ئاخىرىدا زىيانغا ئۇچرايدىغىنى يەنىلا ئۆزى. مەسىلەن، ئامېرىكىدىكى بىرقىسىم پارچە زاپچاس شىركەتلىرىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت كىرىمىدە، خۇاۋېي شىركىتىنىڭ زاكاز مىقدارى ئىگىلەيدىغان نىسبەت %40 ـ %30كە يېتىدۇ. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ «چەكلەش بۇيرۇقى» چىقىشى بىلەنلا، بۇ شىركەتلەر چەكلەش بۇيرۇقى كۈچكە ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى «ئۆچ ئېلىش خاراكتېرى»دە خۇاۋېي شىركىتى ئۈچۈن ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ مال بىلەن تەمىنلىدى. ئىلگىرى بىر يېرىم ئايدا ئاندىن بېجىرىپ تۈگەتكىلى بولىدىغان تەرتىپنى ھازىر ئۈچ سائەتتىلا تەكشۈرۈپ تەستىقلاتقىلى بولىدۇ. «خۇائېرجېي كوچىسى گېزىتى»دە ئاشكارىلىنىشىچە، گاۋتوڭ شىركىتىنىڭ جۇڭگو بازىرىغا تايىنىش دەرىجىسى %67كە يېتىدىكەن، ئىنتېل شىركىتى بىلەن ئالما شىركىتىنىڭمۇ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا %26 ۋە %20كە يېتىدىكەن. ناۋادا ئامېرىكا داۋاملىق تەمىناتنى ئۈزۈپ، قامال قىلىدىغان بولسا، ئامېرىكىنىڭ ئۆزىگە زىيان يېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكىلى بولىدۇ.

ئامېرىكىدىكى سىياسەتۋازلار «جاڭگىدە» قىلىپ ئۆزىنىڭ دەرۋازىسىنى تاقاپلا قالماستىن، يەنە كۆپچىلىكنىڭمۇ يولىنى توسۇپ قويدى، زىيانغا ئۇچرايدىغىنى ئاخىرىدا پۈتۈن يەر شارى كەسپ زەنجىرىدىكى بارلىق دۆلەتلەر بولىدۇ. ئاۋسترالىيە لاتروب داشۆسىنىڭ تەتقىقات خادىمى سىتانلېي شاناپىندا مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: خۇاۋېي شىركىتىنىڭ ئاۋسترالىيەنى تور مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىگىنىگە ئون يىلدىن ئاشتى، خۇاۋېي شىركىتىگە قارىتىلغان چەكلەش بۇيرۇقى ئاۋسترالىيەدە تور سىستېمىسىنىڭ يېڭىلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، تېلېگراف تىجارەت سودىگەرلىرىنىڭ تەننەرخىنى ئۆستۈرۈۋېتىدۇ، بۇ بەھۇدە چىقىملار ئاخىرىدا ئىستېمالچىلارغا تېڭىلىدۇ.

ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىق پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇقەررەر لوگىكا. دۇنيا كۆپ قۇتۇپلىشىۋاتقان، ئىقتىساد يەر شارىلىشىۋاتقان، مەدەنىيەت كۆپ خىللىشىۋاتقان، جەمئىيەت ئۇچۇرلىشىۋاتقان دەۋر ئېقىمى ئالدىدا، ھەرقانداق دۆلەت دەرۋازىنى تاقىۋېلىپ قۇرۇلۇش قىلسا بولمايدۇ. تەتۈرلۈك، تەنتەكلىك بىلەن دەرۋازىنى تاقىۋېلىش تەدبىرى «ياپچۇەكنىڭ ھارۋىنى توسماقچى» بولغىنىدەك ئىش بولۇپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئىلگىرىلەش چاقىنى توسۇپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس. «دەرۋازىنى تاقىۋېلىپ مەنپەئەتكە ئېرىشىش» ئويىدا بولۇۋاتقان ئامېرىكىدىكى ئاشۇ بەزى سىياسەتۋازلارغا رېئاللىققا قايتىشنى نەسىھەت قىلىمىز، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قارىسىغا ئىش قىلىش، بىكىنمىچىلىك قىلىپ بىر ئىزدا توختاپ قېلىش، پەقەت زاۋاللىققا يۈزلەندۈرىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ يىل 4 ـ ئايدا، مەن بېيجىڭدا چىڭخۇا داشۆنىڭ زۇڭتۇڭ پۇتىنغا پەخرىي دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى بەرگەنلىكىگە گۇۋاھ بولغانىدىم. چىڭخۇا داشۆسى بىلەن سانكت پېتېربۇرگ دۆلەتلىك داشۆسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىككى دۆلەتتىكى مۇنەۋۋەر ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ۋەكىللىرى، شۇنداقلا مەن ۋە زۇڭتۇڭ پۇتىننىڭ ئانا مەكتىپى. ئىككى مەكتەپنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قارشى تەرەپنىڭ دۆلەت باشلىقلىرىغا پەخرىي دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىنى بېرىشى ئىككى تەرەپنىڭ مائارىپ ۋە ئادىمىيەت ساھەسىدىكى قويۇق ئالاقىسىنىڭ دەلىلى، تېخىمۇ مۇھىمى جۇڭگو ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتىدىكى يۇقىرى سەۋىيەنىڭ مۇھىم ئىپادىسى. ئىككى تەرەپنىڭ مائارىپ ساھەسىدىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى كەڭ تارقىتىپ، ئۆزئارا قوبۇل قىلىپ، ئۆزئارا توپلاپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى، قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ياشلار ئىنسانلارنىڭ ئالغا بېسىشىنىڭ ئۈمىدى، شۇنداقلا جۇڭگو ـ رۇسىيە دوستلۇقىنىڭ كەلگۈسى. بۇ يىل جۇڭگو ـ رۇسىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. ئىككى دۆلەت ياشلىرى دەۋر يۈكلىگەن بۇرچنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، ئۆزئارا رىغبەتلەندۈرۈپ ئورتاق ئىلگىرىلەپ، ئۆز غايىسىنى ئىككى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشى ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد دوستانە ئۆتۈش ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا سىڭدۈرۈپ، جۇڭگو ـ رۇسىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىش ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشۇشى كېرەك.

پۇتىن تەبرىك سۆزى قىلىپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئانا مەكتىپىمنىڭ رەئىس شى جىنپىڭغا پەخرىي دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى بەرگەنلىكىدىن ناھايىتى شەرەپ ھېس قىلدىم، مەن رەئىس شى جىنپىڭنى چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن. رەئىس شى جىنپىڭ رۇسىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى، خەلقئارا مۇناسىۋەت ساھەسىدە بىر قاتار مۇھىم تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم ئۆزى يولغا قويۇشقا تۈرتكە بولدى. رەئىس شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ قوللىشى ۋە قاتنىشىشىغا مۇيەسسەر بولدى. سانكت پېتېربۇرگ دۆلەتلىك داشۆسى قاتارلىق رۇسىيەنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئىلىم ئاپپاراتلىرى جۇڭگونىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئىلىم ئاپپاراتلىرى بىلەن مول نەتىجە ـ ئۈنۈملۈك بولغان ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى قانات يايدۇردى، بىز ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈسەك، رۇسىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىياتىغا جەزمەن تۈرتكە بولالايمىز.

مۇراسىم نەق مەيداندىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ «خەلقئارا ئوقۇغۇچىلار ناخشىسى» ناملىق خورى بىلەن ئاخىرلاشتى. مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، رۇسىيەلىك ئوقۇغۇچىلار شى جىنپىڭغا ماي بوياق رەسىم ئەسىرىنى سوۋغا قىلدى. رۇسىيەدە ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار پۇتىنغا ماي بوياق رەسىم ئەسىرىنى سوۋغا قىلدى.

ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى يەنە بىرلىكتە مېندېلېيېۋ خىزمەتخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جېيچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.

شۇ جاي ۋاقتى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ مەخسۇس ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ موسكۋادىن ئايرىلىپ، سانكت پېتېربۇرگقا يېتىپ بېرىپ، 23 ـ نۆۋەتلىك سانكت پېتېربۇرگ خەلقئارا ئىقتىساد مۇنبىرىگە قاتناشتى. شى جىنپىڭ سانكت پېتېربۇرگ ئايرودرومىدا رۇسىيەنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. موسكۋادىن ئايرىلىدىغان چاغدا، رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئايروپورتتا ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ھەربىي ئوركېستىر جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ دۆلەت شېئىرىنى ئورۇنلىدى. شى جىنپىڭ رۇسىيە ئۈچ ئارمىيەسىنىڭ ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ئەترىتى ھەم پارادىنى كۆزدىن كەچۈردى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن . قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# ياڭ بوكەي: قەلەمنى قورال قىلىپ، ئىنقىلابنى تارقىتىش



ياڭ بوكەينىڭ سۈرىتى (ماتېرىيال سۈرەت). □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چېڭدۇ، 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى لىكې)** ئېتىزلىقتىكى گىرەلىشىپ كەتكەن چىغىر يوللار ئارىسىدا كۆپكۆك كۆلچەكلەر خىرە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. سىچۈەن ئۆلكىسى يىڭشەن ناھىيەسىنىڭ لوشى بازىرىدىكى لوشى قەبرىستانلىقىنىڭ قەھرىمانلار، قۇربانلار خاتىرە سارىيىدا، لوشى بازىرىدىن چىققان دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىنقىلاب پېشۋاسى ياڭ بوكەينىڭ ھاياتىغا ئائىت نۇرغۇن سۈرەتلىك ماتېرىياللار قويۇلغان بولۇپ، ئامما دائىم بۇ يەرگە كېلىپ ئىنقىلابىي قۇربانغا ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ.

ياڭ بوكەي، 1894 ـ يىلى سىچۈەن ئۆلكىسى يىڭشەن ناھىيەسى لوشى يېزىسىنىڭ ياڭجىيابا دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. 1919 ـ يىلى، يولداش ۋۇ يۈجاڭنىڭ ئالاقىلىشىشى بىلەن، ياڭ بوكەي ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولۇپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن فرانسىيەگە ئوقۇشقا چىققان. 1922 ـ يىلى، ياڭ بوكەي ياۋروپادا ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتىغا كىرگەن، 1923 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

1925 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ياڭ بوكەي شاڭخەيگە قايتىپ كېلىپ، ئاممىغا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى سۆيۈشنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلغان. كېيىن ئىنقىلاب ۋەزىيىتى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلغانلىقتىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ياڭ بوكەينى سىچۈەنگە بېرىپ ۋۇ يۈجاڭ قاتارلىقلارغا ياردەملىشىپ چۇڭچىڭدا جۇڭگو ـ فرانسىيە داشۆسىنى قۇرۇشقا، ئىلمىي باشقارما باشلىقى بولۇپ، كۈندىلىك خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتكەن.

1926 ـ يىلى 2 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى چۇڭچىڭ ۋىلايەتلىك كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ياڭ بوكەي مائارىپ كومىتېتىنىڭ كومىتېت ئەزاسى بولغان. شۇ يىلى ئەتىيازدا، ياڭ بوكەي يۇرتى يىڭشەنگە قايتىپ، ياڭجىيابادا يىڭشەن ناھىيەسى بويىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تۇنجى پارتىيە تەشكىلاتى —— جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى يىڭشەن ياچېيكىسىنى قۇرغان. 1926 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، سىچۈەن ئۆلكىسىدە كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى تۇنجى ناھىيەلىك دېھقانلار ئۇيۇشمىسى ياڭ بوكەينىڭ يۇرتىدا قۇرۇلغان. 1927 ـ يىلغا كەلگەندە، پۈتۈن يىڭشەن ناھىيەسىدە ناھىيەلىك دېھقانلار ئۇيۇشمىسىدىن بىرسى، رايونلۇق دېھقانلار ئۇيۇشمىسىدىن 22 سى، يېزىلىق دېھقانلار ئۇيۇشمىسىدىن 64ى قۇرۇلغان، ئۇيۇشما ئەزالىرى 10 مىڭ كىشى ئەتراپىغا يەتكەن.

1927 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، ياڭ بوكەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى چۇڭچىڭ ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ داچياڭبادا ئاچقان جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئاممىۋى چوڭ يىغىنىغا قاتناشقان. چوڭ يىغىن ئېچىلىۋاتقاندا چۇڭچىڭدا تۇرۇشلۇق مىلىتارىستلارنىڭ قانلىق قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىغان، 1000دىن ئارتۇق كىشى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، يارىلاندۇرۇلغان، ياڭ بوكەينىڭ باش قىسمى يارىلانغان. 15 ـ ئىيۇل ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، ياڭ بوكەي رېن بەيگې، شا تىڭلار بىلەن شاڭخەيگە بېرىپ شىنكېن كىتابخانىسىنى ئېچىپ، «پەلسەپە قائىدىسى» قاتارلىق نەچچە ئون نەزەرىيە كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلغان. ئۇ يەنە «20 ـ ئەسىر ژۇرنىلى»نى چىقارغان ھەم ژۇرنالدا ماركسىزمنىڭ نەزەرىيە ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ، تەشۋىق قىلغان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ياڭ بوكەي سىچۈەنگە قايتىپ كېلىپ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ساھەسى ۋە سىچۈەن ئارمىيەسى يۇقىرى قاتلىمىدا بىرلىك سەپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1940 ـ يىلى، ئۇ «خۇاشى گېزىتى»گە باش ماقالە يېزىشقا باشلىغان، 1942 ـ يىلى باش مۇھەررىرلىككە تەكلىپ قىلىنىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ نەچچە يۈز پارچە ماقالە يازغان. دوستلىرى ئۇنىڭغا قەلەمنى سىلىقراق قىلىش، ئۇنداق ئۆتكۈر سۆزلەرنى قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان، لېكىن ئۇ: «ماقالە مېنىڭ قورالىم، قەلەم ئۆتكۈر بولمىسا نېمە پايدىسى بولسۇن؟» دەپ جاۋاب بەرگەن. 1945 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، «خۇاشى گېزىتى» گومىنداڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن پېچەتلىۋېتىلگەن.

1944 ـ يىلى، ياڭ بوكەي جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقىغا قاتناشقان ھەم ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا ۋە دېموكراتىيە ئىتتىپاقى سىچۈەن ئۆلكىلىك ياچېيكىسى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1946 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، دېموكراتىيە ئىتتىپاقى چىقارغان، جاڭ لەن گېزىتخانا باشلىقى بولغان «ئاۋام گېزىتى» نەشر قىلىنغاندا، ياڭ بوكەي باش دىرېكتور، قوشۇمچە مەسئۇل مۇھەررىر بولغان. جوۋ ئېنلەي «ئاۋام گېزىتى»نىڭ نەشر قىلىنغانلىقىغا «دېموكراتىيە ئاۋانگارتلىرى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەرگەن. بۇ گېزىت دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش تەشەببۇسىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىپ، بايرىقى روشەن ھالدا جياڭ جيېشىغا، ئامېرىكىغا قارشى تۇرغان، گېزىت نەشر قىلىنىپ ئىككى يېرىم ئايدىلا نەشرىدىن مەجبۇرىي توختىتىلغان. ياڭ بوكەي يەنە ئەسلىدىكى مۇخبىر، مۇھەررىرلەرنى يېتەكلەپ «ياشلار گۈلزارلىقى» ۋە «دەۋر يازمىلىرى»نى نەشر قىلىپ، شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ ئوبزورلىرى ۋە باشقا گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ ئىلغار مەزمۇندىكى ماقالىلىرىنى كۆچۈرۈپ باسقان.

1947 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە، گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ياڭ بوكەينىڭ تۇرۇشلۇق جايىنى ئاختۇرغان ھەم ئۇنى چېڭدۇ سىياسىي جىنايەتچىلەر جازا لاگېرى —— جياڭجۈن ياۋلى تۈرمىسىگە قامىغان. تۈرمىدە، ياڭ بوكەي دۈشمەن بىلەن قىلچە مۇرەسسە قىلمىغان، دۈشمەنلەر پۇشايماننامە يېزىشنى قويۇپ بېرىش شەرتى قىلىشقا ئۇرۇنغاندا، ئۇ قەتئىي تۈردە رەت قىلىپ: «مەن ھەرگىز بىر خەتمۇ يازمايمەن، مېنى ھازىرلا ئېتىۋەتسەڭلارمۇ يازمايمەن. ئۆلۈمنىڭ قورققۇدەك نېمىسى بار! ھاياتلىقتا كىم ئۆلمەيدۇ؟ ئۆلۈمنىڭ قىممىتى بولۇشى كېرەك!» دەپ جاۋاب بەرگەن.

1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى يېرىم كېچىدە، 55 ياشلىق ياڭ بوكەي تۈرمىدە بىللە ياتقان 30 نەچچە سەپدىشى بىلەن گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى تەرىپىدىن چېڭدۇ تۇڭخۇي دەرۋازىسى سىرتىدىكى شىبېرچياۋ دېگەن يەردە تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن.

ھازىر، ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ يۇرتى لوشى بازىرىدا ياڭ بوكەينى خاتىرىلەيدىغان لوشى قەبرىستانلىقى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن ناھىيەنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بازىسى قىلىندى. ھەر يىلى چىڭمىڭ، «4 ـ ماي» مەزگىلىدە، لوشى قەبرىستانلىقىدىكى ياڭ بوكەي قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرىسى ئالدىدا، رەت ـ رەت پىيونېرلار، ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلار، كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئاددىي ئامما قەبرە سۈپۈرۈپ ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ ياكى قەسەم بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ ۋە ياكى پارتىيەگە كىرىش، ئىتتىپاققا كىرىش قەسەمنامىسىنى قايتىلاپ، ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللاردا يىڭشەن خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات تۇرىدىغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنى خاتىرىلەيدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)